FORB Learning Platform

# سناريه: دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ مەنىسى - مەجبۇرلىنىشتىن قوغداش

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بۇلسا مەجبۇرلىنىشتىن قوغدىنىش ھوقۇقى ، مەجبۇرلاش بۇلسا بىراۋ سىزنى بىرەر ئىش قىلىشقا زورلاش ياكى قورقۇتۇشتىن ئىبارەت.

دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ يادرولۇق ئۆلچىمى شۇكى، ھەربىر كىشىنىڭ دىنى ياكى ئېتىقادىغا ئىشىنىش ياكى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بار. يەنە بىر ئۇسۇلى دىن ياكى ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىختىيارى بولۇشتىن ئىبارەت.

مەجبۇرلىنىشتىن قوغداش ھوقۇقى بۇ توغرىسىدا تەپسىلي بايان قىلىنغان، ھەرقانداق ئادەم، دۆلەت، دىنىي داھىيلار ياكى باشقا ھەرقانداق ئادەم ۋە ياكى گۇرۇپپىنىڭ ئېتىقادى ياكى ئادىتىنى باشقىلارغا زورلاش ھوقۇقى يوق. ئۇلارنى دىنىغا، ياكى ئېتىقادىغا ئىشىنىش، ساقلاش ۋە ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ.

خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى، -ماددا - تارماق:

«ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تاللىغان دىنى ياكى ئېتقادى مەجبۇرلاشقا ئۇچرىماسلىقى، دىنىغا ياكى ئېتقادىغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان مەجبۇرلاشقا ئۇچرىماسلىقى كىرەك».

بۇ ئۆلچەم دۆلەتلەرنىڭ مەجبۇرلاش قىلمىشىنى چەكلەپلا قالماي، يەنە دۆلەتلەرگە كىشلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا كىشلەر ياكى

گۇرۇپپىلارتەرىپىدىن دۇچ كېلىدىغان تەھدىت ياكى زوراۋانلىقتىن قوغداش مەجبۇرىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مىساللىرى ئاز بۇلمىغىنىدەك، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەھدىت، زوراۋانلىق، جەرىمانە ياكى قاماق جازاسى قاتارلىق جازا شەكلىدە مەجبۇرلاش مىساللىرىنى كۆرىمىز. مەجبۇرلاش تىخىمۇ كۇپ خىل بولىدۇ ، مەسىلەن دىن ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا ، شۇكىشىلەرنىڭ خىزمەت ئورنىغا بىرىش ياكى ساغلاملىق ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشىنى توختىتىش دېگەندەك.

بەزىدە دۆلەتلەرمۇ رەسمىي ھالدا قانۇن چىقىرىش ياكى يەرلىكتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنى ئىلىپ باردۇ.

باھائى جەمئىيىتى بۇلسا ئىراندىكى مۇسۇلمان بۇلمىغان ئاز سانلىق مىللەت. -يىلدىكى ئىنقىلابتىن بۇيان، باھائى مىللىتى ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرلاش سىياستى بىلەن سىستېمىلىق ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىماقچى بولغان. ئىنقىلابتىن كىيىنكى يىل ئىچىدە، دىن ئارتۇق باھائىي مىللىتى ئۆلتۈرۈلدى، يۈزلىگەن كىشى قىيىن-قىستاققا ئېلىندى ۋە تۈرمىگە تاشلاندى، تۈمەنلىگەن كىشى دىن ۋە ئېتىقادى سەۋەبىدىن خىزمەتتىن، مائارىپ ۋە باشقا ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قالدى.

-يىلى -ئايغا قەدەر، ئىراندا نەپەر باھائى ۋىجدان مەھبۇسلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە دۆلەت دەرىجىلىك باھائى رەھبىرىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالدۇ.

تۆۋەندىكى بۇ مىسال كەمسىتىش بىلەن مەجبۇرلاشنىڭ باغلىنىشىنى چۈشەندۈرۈپ بىردۇ.

باھائى مىللىتى ئىراننىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشى ۋە مەمۇرلاردا خىزمەت قىلىشى چەكلەنگەن. بۇكەمسىتىش قانۇنى مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت. بىر ئوقۇغۇچى ياكى خىزمەتچىنىڭ باھائىي ئىكەنلىكى بايقالغاندا ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئورنىدىن مەھرۇم قىلىشتىن ئىبارەت تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ.

بەزىدە زوراۋان مىللەتچى ياكى ئاشقۇن گۇرۇپپىلار كىشىلەرنىڭ دىنىنى ياكى ئېتقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ

ئۆزىنى ئاتالمىش ئىسلام دۆلىتى دەپ ئاتىۋالغان دائىش يەزىدىس ۋە خىرىستىيانلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى، ئەگەر رەت قىلسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ھىندىستاندا مەجبۇرىي ھىندى دىنىغا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاش ۋەقەسى ھىندى دىنى مىللەتچىلىك ئاساسىدىكى جەمئىيەت زوراۋانلىقىغا چېتىشلىق دەپ خاتىرىلەنگەن

مىيانمادا ھەربىي كۈچ بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ ،بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاش دېلولىرى خاتىرىلەنگەن. ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا مۇسۇلمانلارنى خىرىستىئان دىنىغا كىرىشكە زۇرلاش ،ئەگەر رەت قىلسا  ئوق چىقىرىدىغانلىقى تۇغۇرسىدىكى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان.

گەرچە مەجبۇرلاشنى چەكلەش رەسمىي ھالدا كىشىلەرنىڭ تاللاش ھۇقۇقىغا، ماسلىشىش ياكى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان بىلەن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزدىنىنى ئۆگىنىشكە تۇسالغۇ بولۇش قاتارلىق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە.

بۇ خىل مەجبۇرلاش ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگىچە قۇلنى سۇزۇشقا باشلىدى. بەزى دۆلەتلەر قانۇنلۇق ھالدا ئاياللارنىڭ دىنني كىيىملەرنى كىيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بەزى دۇلەتلەردە ئايالالارنىڭ دىنىني كىيىم كىيىشى چەكلىنىدۇ. شۇ سەۋەب ئايالالارمۇ كىشىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە دۇچار بۇلدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر مەجبۇرلاشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەردە كىشىلەرنىڭ دىنني ئىدىيەسى ياكى ئادەتلىرى شۇدۆلەتنىڭ ئىدىئولوگىيىسىگە ياكى ئىجتىمائىي قائىدە ئوخشىمايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن شۇ دۇلەتتىكى. ئاز سانلىق مىللەتلەر، دىنسىزلار، دىنىغا ئىتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر «چەتئەللىك» دەپ قارىلىدۇ.بۇ كىشلەرباشقىلار تەرىپىدىن بىدئەتچىلەر ، كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلار ياكى دىنىنى توغرا ئىجرا قىلمىغان دەپ قارىلىش ئىھتىماللىقى يۇقىرى بۇلدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئىتىقادى ۋە ئادىتى ئۆزگەرتىش ۋە مەجبۇرلاشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلايدۇ بۇ خىل مەجبۇرلاش كۇپىنچە دۆلەت ،ئائىلە ۋە ياكى مەھەللدىن باشلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەجبۇرلاش تەھدىت، زوراۋانلىق، كەمسىتىش ياكى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ.

مەسىلەن دۆلەت ياكى كىشىلەر ۋە مەھەلىدىكى گۇرۇپپىلارجەرىمانە ياكى قاماق جازاسى قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ مەجبۇرلايدۇ. ھازىر شۇنى دىيىشكە بۇلدىكى ھەرقانداق ئادەم مەجبۇرلاشنىڭ قۇربانىغا ئۇچرىماسلىقى كىرەك.خەلقئارالىق ئىنسانى ھوقۇق قانۇنى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلەرنى مەجبۇرلاشتىن چەكلەپلا قالماي ، يەنە دۆلەتلەرنى ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىپ ، كىشلەر

ئۇچراۋاتقان جەمئىيەتتىكى مەجبۇرلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توختىتىش مەجبۇرىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىر سىز مەجبۇرلاشتىن قوغداش ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى جۈملىدىن ئىنسانىي ھوقۇقىا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تور ماتېرىياللىرىدىن تاپالايسىز.